# يېڭى ئىملا قائىدىسى ھەققىدە
# زۆرۈرىي ساۋات

قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدىن ئابدۇلېتىپ تاشپولات
ماتېرىياللارغا ئاساسەن تەييارلىدى

تىل ـ يېزىقنىڭ قېلىپلىشىش ـ قېلىپلاشماسلىقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قېلىپلاشقىنى بويىچە توغرا ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىك شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ قوللانمىنى ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان ھەر قانداق بىر كىشى چوقۇم ئۆزلەشتۈرىۋېلىشى كېرەك.

## مۇندەرىجە


1. ئىملا قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى ...... 1
2. ھەرپ ...... 1
3. ئېلىپبە ...... 3
4. يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى ...... 4
5. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشى ...... 4
6. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى ... 4
7. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ...... 6
8. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ...... 7
9. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ...... 7
10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى ...... 8
11. تۈپ سۆزلەر ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 10
12. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ... 10
13. جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ...... 11

14. سانلارنىڭ ئىملاسى ........ 12
15. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ........ 14
16. باغلىغۇچىلارنىڭ ئىملاسى ........ 15
17. ئىركەلىمىلەرنىڭ ئىملاسى ........ 15
18. ئۇلانمىلارنىڭ ئىملاسى ........ 15
19. «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» پېئىللىرىنىڭ ئىملاسى ........ 16
20. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ........ 16
21. رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ........ 17
22. قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى ........ 17
23. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى ........ 18
24. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى 18
25. ئىملاسىدا ئۆزگىرىش بولغان بىر قىسىم سۆزلەر ........ 27

## 1. ئىملا قائىدىسى ۋە ئۇنىڭ رولى

ئىملا قائىدىسى دېگىنىمىز توغرا يېزىش قائىدىسى دېگەنلىكتۇر. ئۇ مەلۇم بىر ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەم شۇ تىل ئارقىلىق ئالاقە قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ يېزىقتا ئورتاق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان قائىدىلەر سىستېمىسىدۇر.

ئىملا قائىدىسى ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، ئاخبارات، نەشرىيات ئىشلىرىدا ئەدەبىي تىلنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، تىلنىڭ قېلىپلىشىشى، مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

## 2. ھەرپ

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يېزىقتىكى شەرتلىك بەلگىسى ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىمىزدا 24 خىل قۇرۇلما سىزىقى ۋە 12 خىل قۇرۇلما بەلگىسى بار، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

## ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى ۋە قۇرۇلما بەلگىلىرى

| شەكلى | نامى | شەكلى | نامى | شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| ا | تىك | ( | يائەگمە | ◌ٚ | چېكىت |
| ل | ئوڭتىك | ں | تاقا | ◌ٛ | جۈپچېكىت |
| ا | سولتىك | ٥ | ھالقا | ◌ۛ | ئۈچچېكىت |
| ا | پەستىك | ـﻫ | تۆگۈن | ◌ٜ | تېم |
| ـ | كىرتىك | ـﻌ | قىرتۆگۈن | ◌ٜٜ | جۈپتېم |
| ـد | باشكىرتىك | 8 | قوشتۆگۈن | ◌ٜ | تىكتېم |
| ـ | سىزىق | د | دېلتا | ◌ٜ | ئۈچتېم |
| ر | سىرمە | د | سەچۆك | ء | ھەمزە |
| ـب | تۈزسىرمە | ، | پەشقولاق | و | ئۇپەش |
| ٢ | پەرسىرمە | ی | چىغىر | ٧ | ئۆپەش |
| ء | ئەگمە | ـ | تاقشاخ | ١ | ئۈپەش |
| ~ | قاشئەگمە | = | جۈپشاخ | (ئـ) | باشھەمزە |



### 3. ئېلىپبە

ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەت تەرتىپى، نامى، ھەم ئومۇمىي شەكلى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل ئېلىپبە ياكى ئېلىپبە جەدۋىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | يالغۇز شەكلى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاخىرقى شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا ا | | | ـا ئـا | ئا |
| 2 | ئە ە | | | ـە ئـە | ئە |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 9 | د | | | ـد | دې |
| 10 | ر | | | ـر | رې |
| 11 | ز | | | ـز | زې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 24 | ھ | | | ـھ | ھې |
| 25 | ئو و | | | ـو ئـو | ئو |
| 26 | ئۇ ۇ | | | ـۇ ئـۇ | ئۇ |
| 27 | ئۆ ۆ | | | ـۆ ئـۆ | ئۆ |
| 28 | ئۈ ۈ | | | ـۈ ئـۈ | ئۈ |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې |
| 30 | ئې ې | ئېـ ېـ | ـېـ | ـې ئـې | ئې |
| 31 | ئى ى | ئىـ ىـ | ـىـ | ـى ئـى | ئى |
| 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

## 4. يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى

مەلۇم بىر كونكرېت تىلنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يازما بەلگىلەرنىڭ يىغىندىسى يېزىق دەپ ئاتىلىدۇ.

يېزىق تىلنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. ئىلىم - پەن جەۋھەرلىرى يېزىق ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقىلىدۇ، ئومۇملىشىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ بارىدۇ.

## 5. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشى

1) سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار — ئە، ئۆ، ئۈ
تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار — ئا، ئو، ئۇ
ئارا سوزۇق تاۋۇشلار — ئې، ئى

2) سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىش جەريانىدىكى لەۋنىڭ شەكلىگە قاراپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار — ئو، ئۆ، ئۇ، ئۈ
لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار — ئا، ئە، ئې، ئى

## 6. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

1) تەركىبىدە «ئا» بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە «ئى» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە، «ئا» تاۋۇشى «ئې» غا ئۆزگىرىدۇ ۋە



ئۆزگەرگىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسلەن:

△ بار- + ىڭ = بېرىڭ، چال- + ىپ = چېلىپ

△ يان- + ىش = يېنىش، جان + ى + جېنى

2) تەركىبىدە «ئە» بولغان سۆزلەرگە بىر قىسىم قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، مەزكۇر بوغۇم ئۇچۇق بوغۇم ھالىتىدە قېلىپ، ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇمغا يۆتكەلسە، «ئە» تاۋۇشى «ئې» غا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزگەرگىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسلەن:

△ يەت- + ىش = يېتىش، كەل- + ىڭ = كېلىڭ

△ ئەن + ى = ئېنى، دە- + گەن = دېگەن، كەل- + ەر = كېلەر

△ يە- + مەك = يېمەك

3) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇش بىلەن ئۇرغۇ ئاياغدىكى بوغۇملارغا يۆتكەلسە، «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى «ئى» غا ئۆزگىرىدۇ ۋە ئۆزگەرگىنى بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسلەن:

△ بالا + لار = بالىلار، ئىشلەت- + ىش = ئىشلىتىش

△ دادا + سى = دادىسى، ئوينا- + ماق = ئوينىماق

△ سۆزلە- + مەك = سۆزلىمەك، چالغان + ىڭىز = چالغىنىڭىز

ئەسكەرتىش:

ئۇرغۇسى تۇراقلىق بولغان يەنى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم سۆزلەردىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرى ئۇرغۇسىنى يوقاتمىغانلىقى ئۈچۈن

ئۆزگەرمەيدۇ، يېزىقتا ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسلەن:
△ سان + ى = سانى، كار + ىم = كارىم
جاي + ىڭىز = جايىڭىز، ياز + ىچە = يازىچە
△ تەر + ى = تەرى، پەم + ىم = پەمىم
△ كىسلاتا + سى = كىسلاتاسى، ئىمزا + سى = ئىمزاسى

## 7. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى

تىلىمىزدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىق دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىدا سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ تىل ئالدى، تىل كەينى ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا قاراپ قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مەسلەن:

△ يولداش + لار = يولداشلار، زاۋۇت + قا = زاۋۇتقا، يورۇق + قا = يورۇققا، ئۇزۇن + غا = ئۇزۇنغا، مەكتەپ + كە = مەكتەپكە، كۆز + لەر = كۆزلەر، تۆمۈر + گە = تۆمۈرگە، تىل+ غان = تىلغان، كىر + مەك = كىرمەك، تېز + لەشمەك = تېزلەشمەك

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋھالىتى جەھەتتىكى ئاھاڭداشلىقىدا سۆز يىلتىزىدىكى ياكى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇش لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇلىدۇ. مەسلەن:

△ قول + ۇم = قولۇم (قولام ئەمەس)



كۆزلەر + ىڭ = كۆزلىرىڭ (كۆزلۈرۈڭ ئەمەس)
كۈچ + ەي + ت + ىپ = كۈچەيتىپ (كۈچايتىپ ئەمەس)
قوللار + ىم = قوللىرىم (قوللۇرۇم ئەمەس)
توس + ۇپ = توسۇپ (توساپ ئەمەس)
كۆر + ۈپ = كۆرۈپ (كۆرەپ ئەمەس)
ئۆز + ۈم = ئۆزۈم (ئۆزەم ئەمەس)
تۈگە- + دى = تۈگىدى (تۈگۈدى ئەمەس)
ئۆگەن- + ىش = ئۆگىنىش (ئۆگۈنۈش ئەمەس)
چۈشەن- + ىش + لىك = چۈشىنىشلىك (چۈشۈنۈشلۈك ئەمەس)

## 8. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

بىر قىسىم ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئى، ئۇ، ئۈ» تاۋۇشلىرى شۇ سۆزگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلىنىدىغان قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا چۈشۈپ قالىدۇ، يېزىقتا چۈشۈپ قالغىنى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن:
△ پىكىر + ىم = پىكرىم، ئىسىم + ى = ئىسمى
△ ئوغۇل + ى = ئوغلى، ئورۇن + ۇم = ئورنۇم
△ مۈلۈك + ۈم = مۈلكۈم، كۆڭۈل + ىڭىز = كۆڭلىڭىز

## 9. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى

رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن «س» ياكى «ش» بىلەن باشلىنىپ، بىر بوغۇمدا ئىككى ئۈزۈك

تاۋۇش قاتار كېلىدىغان سۆزلەردە «س» ياكى «ش» تاۋۇشىنىڭ ئالدىغا بىر «ئى» تاۋۇشى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

△ ئىستاكان، ئىستىل، ئىشكاپ، ئىشپىيون

## 10. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئىملاسى

1) تىلىمىزدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆپكىدىن چىقىرىلغان ھاۋا ئېقىمىنىڭ تاۋۇش پەردىسىنى كۈچلۈك تىترىتىشى ياكى ئاجىز تىترىتىشىگە قاراپ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ۋە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار: ب، ج، د، ر، ز، ژ، غ، گ، ڭ، ل، م، ن، ھ، ۋ، ي (15)

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار: پ، ت، چ، خ، س، ش، ف، ق، ك (9)

2) «ب، د، ھ» دىن باشقا جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئۆي - ئۆيدىن، شەھەر - شەھەرگە، يول - يولدا
كۆك - كۆكتىن، چېلەك - چېلەككە، دوقمۇش - دوقمۇشتا

3) ئاخىرى «غ، گ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «غ، گ» بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغاچقا «ق، ك»



بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. بۇ ھالدا سۆز ئاخىرىدىكى «غ، گ» تاۋۇشلىرى «ق، ك» تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ، يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

△ باغ + قا = باغقا (باققا ئەمەس)
تۇغ- + قان = تۇغقان (تۇققان ئەمەس)
ئەگ- + كەن = ئەگكەن (ئەككەن ئەمەس)
بەگ + كە = بەگكە (بەككە ئەمەس)

4) بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ب، د» تاۋۇشلىرى جانلىق تىلىمىزدا «پ، ت» ئېيتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرگە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئىقتىساد + تىن، مۇراد + قا، ھېساب + تا، كىتاب + قا

5) ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا تۈپ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشتا پەيدا بولىدىغان تاۋۇش ئۆزگىرىشى يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

△ ئاتاق + لىق = ئاتاقلىق (ئاتاغلىق ئەمەس)
كېرەك + لىك = كېرەكلىك (كېرەگلىك ئەمەس)
چىرايلىق + راق = چىرايلىقراق (چىرايلىغراق ئەمەس)

6) «ق، ك، پ» تاۋۇشلىرى بىلەن ئاياغلاشقان بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەر، شۇنداقلا رۇس تىلى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان «پ» بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا يۇقىرىقى تاۋۇشلار «غ، گ، ۋ» غا ئۆزگەرتىلمەي ئەسلى ھالىتى بويىچە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ پىچاق + ى = پىچىقى (پىچىغى ئەمەس)

بىلەك + ىم = بىلىكىم (بىلىگىم ئەمەس)
مەكتەپ + ىمىز = مەكتىپىمىز (مەكتىۋىمىز ئەمەس)
ئارخىپ + ى = ئارخىپى (ئارخىۋى ئەمەس)
كوللېكتىپ + ى = كوللېكتىپى (كوللېكتىۋى ئەمەس)

## 11. تۈپ سۆزلەر ۋە ياسالما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

تۈپ سۆزلەر ۋە ياسالما سۆزلەر بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ بۇ بازاردا ئاشخانا، سەت اشخانا ۋە تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى بار.

## 12. بىرىككەن (بىرىكمە) سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى ئاساسەن ساقلىنىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ ئاشقازان، بويسۇنۇش، قارىمۇچ، ئەتىياز، قامچىگۈل، ھۆرگۈل، نۇرگۈل، خەيرىگۈل
2) ئىككىنچى تەركىبى «ب» بىلەن باشلانغان بىر قىسىم سۆزلەردە «ب» تاۋۇشى «ۋ» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ بەگۋاش (ئەسلىدە بەگباش» ، يېگۋاشتىن ئەسلىدە يېگىباشتىن) موزايۋېشى (ئەسلىدە موزايبېشى)
3) ئىككى سۆزنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن قويۇلغان كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي ناملىرى قوشۇپ يېزىلىدۇ، تەركىبىي قىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشى



يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:
△ ئايتۇرسۇن، ئانارقىز، خەيرىنىسا، مارالبېشى، شامالباغ، قىزىلبۇيا، ياسۇندى، چاھارباغ
4) ئۈچ ياكى تۆت سۆزدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە سۆزلەر بىرىكىش مۇناسىۋىتىگە قاراپ (1+2) ، (2+1) ياكى (2+2) شەكلىدە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ ياۋا قامچىگۈل، كۆزەينەكلىك يىلان، مۇھەممەتئېمىن قارىھاجى

## 13. جۈپ (جۈپلەنمە) سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە (ـ) قويۇپ يېزىلىدۇ.
مەسىلەن:
△ ئاتا ـ ئانا، تىل ـ يېزىق، قوغۇن ـ تاۋۇز، قاتار ـ قاتار، ئاش ـ پاش، خەت ـ پەت، ئوپۇل ـ توپۇل، كەلسە ـ كەلمەس
2) ئىككىنچى تەركىبى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن تەكرارلانما جۈپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ بىر ـ بىرىنىڭ، ئۆز ـ ئۆزىنى، ئۆي ـ ئۆيدىن، يول ـ يولدا، دوقمۇش ـ دوقمۇشقا
3) بىرىگە ياكى ھەر ئىككىسىگە « ـ لاپ، لەپ» قوشۇمچىسى ئۇلانغان جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:
△ ئاي ـ ئايلاپ، كېچە ـ كېچىلەپ، ئايلاپ ـ ئايلاپ، قوشلاپ ـ قوشلاپ
4) ئالدىنقى تەركىبى چىقىش كېلىشتە، كېيىنكى

تەركىبى يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن بىرىكمىلەردىن ھەر ئىككى تەركىبنىڭ ئالدىغا مەلۇم تىل تەركىبلىرىنى قوشقىلى بولمىسا، ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ كۈندىن ـ كۈنگە، يېقىمدىن ـ يېقى. . .

ئۆيدىن ئۆيگە (بۇ جۈپ سۆز ئەمەس، سىزىقچە قويۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنى «بىر ئۆيدىن ئىككىنچى ئۆيگە» دەپ كېڭەيتكىلى بولىدۇ)

5) ھەر ئىككى تەركىبى 3 ـ شەخستە كەلگەن، ئىككىنچى تەركىبى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا، جايى ـ جايىغا، ئۈستى ـ ئۈستىگە. . .

ئەسكەرتىش:

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا سىزىقچە قويۇلماي يېقىن يېزىلىدۇ.

△ قولمۇ قول، خىلمۇ خىل، ئەيشۇ ئىشرەت، دادۇ پەرياد، باغۇ بوستان. . .

## 14. سانلارنىڭ ئىملاسى

1) تېكىست ئىچىدە كەلگەن بىر خانىلىك ساناق سانلار ھەرپلىك ئىپادە قىلىنىدۇ (ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ) مەسىلەن:

△ بىر ئادەم، ئىككى ماشىنا، ئۈچ يول. . .

2) دەرىجە سانلار ھەرپ بىلەن يېزىلسا، ئاخىرىغا «ـنچى، ـىنچى» قوشۇلىدۇ. رەقەم بىلەن يېزىلسا، ئاخىرىغا «ـ» قويۇلىدۇ. مەسىلەن:



△ ئالتىنچى، ئۈچىنچى، 1 ـ ئۆكتەبىر، 4 ـ ماي. . .

3) بىر قانچە دەرىجە سان قاتار كېلىدىغان بولۇپ قالسا، ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، رەقەم بىلەن ئىپادىلەنسىمۇ، ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ كېلەر ئاينىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەپتىسى 1 ـ، 2 ـ يىللىق سىنىپلار كۆچەت تىكىدۇ.

4) تۆت خانىلىكتىن يۇقىرى بولغان ساناق سانلار رەقەم بىلەن يېزىلسىمۇ بولىدۇ ھەرپ بىلەن يېزىلسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

△ 4350 قۇر كىيىم، بىر مىليارد 200 مىڭ ئادەم

5) بىر ئىش ياكى ۋەقەنىڭ باشلىنىش نوقتىسى بىلەن تاماملىنىش نوقتىسىنى بىلدۈرىدىغان سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سۆز بىلەن ئىپادىلەنمىسە، ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلۇپ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. (مىلادىيە يىللىرى بولسا، كىچىك سان ئالدىغا، چوڭ سان كەينىگە يېزىلىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى يىللار بولسا، چوڭ سان ئالدىغا، كىچىك سان كەينىگە يېزىلىدۇ) مەسىلەن:

△ 92 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ، 95 ــ 12

تاڭ سۇلالىسى (618 ــ 907) ئارىستوتىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى (384 ــ 324)

6) سانلارنى جۈپلەشتۈرگەندە كىچىك سان ئالدىغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ بىر ـ ئىككى ھەپتە، 5 ـ 6 كۈن، 20 ـ 30 قوي

7) يىلنامە ئىمزالىرى ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ 98 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

8) رىم رەقەملىرى ئەسىر، كىتاب بابلىرى ۋە

تۆملىرى، خىمىيە فورمۇلىلىرىدا قوللىنىلىدۇ، رىم رەقەملىرىدىن كېيىن بەلگە قويۇلمايدۇ. مەسىلەن:

△ XX ئەسىر، II باب، V توم، چار پادىشاھ IV، كاربون (IV) ئوكسىدى

9) مەلۇم بىر مۇددەت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تۈزۈلۈپ تۇرىدىغان پائالىيەتلەردىكى يىلغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سانلاردىن كېيىن «- يىللىق» دېگەن سۆزنى قوشماي، خەلقئارا قائىدە بويىچە تۇگىگەن ئەسىرنىڭ بەلگىسى شۇ يىلنى بىلدۈرىدىغان سانىنىڭ باش تەرىپىگە يېزىپ قويۇلىدۇ، تەلەپپۇزدا ‹ , › بەلگىسى «- يىللىق» دەپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ’94 ئۈرۈمچى چېگرا سودا يەر مەنكىسى

10) رەقەم بىلەن يېزىلىدىغان سانلار، جۈملىدىن، پىرسەنت بەلگىسى قويۇلغان سانلاردىن كېيىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇشقا توغرا كەلسە، تەۋەلىك قوشۇمچىسى سانلارغا بىۋاستە ئۇلاپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئۇلارنىڭ ئۈچى پەيزاۋاتتىن كەپتۇ.

△ ۋەزىپىنىڭ 90% ى ئورۇنلىنىپتۇ.

11) فورمۇلىلار سولدىن ئوڭغا يېزىلىدۇ.

مەسىلەن: F—Ma

## 15. قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) سۆز ۋە بىرىكمىلەر قىسقارتىلغاندا ھەرپلەرنىڭ يالغۇز شەكلى بىلەن يېزىلىدۇ، ئارىسىغا چېكىت قويۇلمايدۇ.

مەسىلەن:

△ س م — سانتىمېتىر، م، گ — مىللىگرام

ب د ت — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى



ج ك پ — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

2) بوغۇم بويىچە قىسقارتىلغان سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن: يانفۇن — يان تېلېفۇن)

△ پارتكوم — پارتىيە كومىتېتى

رايكوم — رايونلۇق كومىتېتى

كونتېكىست — كونكرېت تېكىست

3) كىشى ئىسىملىرى، فامىلىلەر ھەرپ بويىچە قىسقارتىلىدۇ. قىسقارتىلغان ئىسىمغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ھەرپتىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ز. قادىر، ئە. تۇردى، م. ھوشۇر

## 16. باغلىغۇچىلارنىڭ ئىملاسى

باغلىغۇچىلار ئالدى ۋە ئارقىسىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئەكبەر، ئەختەر ۋە ھۆرگۈل، مەن ھەم سەن

## 17. تىركەلمىلەرنىڭ ئىملاسى

تىركەلمىلەر ئالدى بىلەن ئارقىسىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئىملا توغرۇلۇق، ۋەزىيەت ھەققىدە، ئۇنىڭغا ئائىت

## 18. ئۈلانمىلارنىڭ ئىملاسى

1) «دە، ھە، يا» ئۇلانمىلىرى ئالدىدىكى سۆزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ ئۇلانمىدىن باشقىلىرى سۆزلەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

△ باردىڭىزمۇ؟ مەنما؟ سىزچۇ؟ گەپ قىلىڭە؟ مۇنداق ئىكەن – دە؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك – ھە؟

## 19. «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش» پېئىللىرىنىڭ ئىملاسى

1) بۇ پېئىللار پېئىلدىن باشقا سۆزلەر بىلەن كەلسە، ئالدىدىكى سۆزلەردىن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ كىتاب ئىدى، قىزىل ئىكەن، ئالتە ئىمىش

2) بۇ پېئىللار سۈپەتداشلار، رەۋىشداشلار ۋە پېئىللارنىڭ شەرت – پەرەز رايى، ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى، ئۆتكەن زامان ۋاستىلىك بايان رايى شەكلىدىن كېيىن كەلسە، ئالدىدىكى تەركىبلەرگە قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئوقۇغانىدى، بارماقچىكەن، يېزىپتىمىش، بارسىدى، كەلسىكەن، كەتمەكچىمىش

## 20. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

1) تاق يۇنمۇ ھەم قوشما يۇنمۇلار ئورتاق تەلەپپۇز بويىچە ئەينەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ بوخەي، يۈننەن، لىيۇ جۇ، سەنمېنشىيا

2) خەنزۇ تىلى ئورتاق تەلەپپۇزىدىكى uang, ian, an قاتارلىقلاردىكى «a» تاۋۇشى «ئە» قىلىپ يېزىلىدۇ. ئاخىرقى تاۋۇش «i» «ي» يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ تيەنجىن، گۇاڭجۇ، خۇەيخې، گۇيجۇ

3) «ao, iao» لار تەركىبىدىكى «O» تاۋۇشى «ۋ» بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:



△ شاۋشەن، لياۋنىڭ، ماۋزېدۇڭ

4) «ue, uo, ou» لار، «ئۇ، ئو، ئۆ» بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ يۆفېي، گوۋۇ يۈەن، جۇ ئېنلەي

5) «ong, iong» يۇنمۇلىرى ئۇيغۇرچىدا «يۇڭ، ئۇڭ» قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ چيۇڭجۇ، جوڭيى

6) «c, sh, ch, zh» تاۋۇشلىرى «ج، چ، ش، س» بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ جۇڭگو، چۇڭچىڭ، شاڭخەي، سەي چاڭ

## 21. رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى

فامىلىلەردىكى «ۋۇ، ېۋ، يېۋ» قوشۇمچىلىرىنىڭ «ۋ» تاۋۇشى «ف» بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ تۇرگېنېف، لېف تولىستوي

## 22. قوشۇمچىلارنىڭ ئىملاسى

1) قوشۇمچىلار سۆز يىلتىزلىرىغا قوشۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

△ ھەۋەسكار، تېزلىك، ياخشىلىق، شەھەردىن، ئۆيگە

2) ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان تۈپ سۈپەتلەر تىلىمىزدا «ئى» قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان ياسالما سۈپەتلەرگە ئوخشاش «ئى» بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ يېزىلىدۇ، مۇنداق سۈپەتلەر ئۈچىنچى شەخسكە تەۋە بولۇپ كەلسە، ئاخىرىغا «سى» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئەجابىي، تەبىئىي، ئالىي، ئاددىي، ھەربىي، سەممىي، قارىي، سەلبىيسى، ئەشەددىيسى، ئالىيسى

## 23. بوغۇم كۆچۈرۈش قائىدىسى

1) قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزنىڭ شۇ قۇرغا سىغماي قالغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلىدۇ، بۆلۈنگەن بوغۇمنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: تىرىش-
چانلىق
تەتقى-
قات
ئۆيلە-
رىمىزدىكى

2) رەقەم بىلەن يېزىلغان ساناق سانلارنى ۋە بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنى پارچىلاپ ئىككىنچى قۇرغا كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ.
مەسىلەن: △ 19
93 - يىلى ئەمەس
شە-
رىق ئەمەس

## 24. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى

1. چېكىتنىڭ قوللىنىلىشى ( . )
(بۇ بەلگە پىكىرنىڭ بايان تەرىزىدە تولۇق ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.)
1) بايان جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:



△ مەن ماقالە يازدىم. ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە.

2) بايان ئاھاڭىدا (سىلىق) ئېيتىلغان بۇيرۇق، ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما. سەن قايتىپ كەلگىن. خوش، ئامان بولۇڭلار.

3) رەقەم بىلەن يېزىلغان، رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سانلار ياكى باش ماۋزۇ بىلەن تارماق ماۋزۇنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان سانلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ 1. ئوخشىتىش
2. سېلىشتۇرۇش
3. جانلاندۇرۇش

4) قىسقارتىپ يېزىلغان ئىسىم بىلەن فامىلە ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ ئا. س. پۇشكىن، ز. سابىر

5) يىل، ئاي، كۈنلەر رەقەم بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ 1999. 12. 20

6) ئونلۇق كەسىردىكى پۈتۈن سان بىلەن كەسىر سان ئارىسىغا، سائەت بىلەن مىنۇت تەڭ كۆرسىتىلگەندە سائەت بىلەن مىنۇت ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ 2.3، سائەت 9.00 دا، سائەت 8.50 تە

2. سوئال بەلگىسىنىڭ قوللىنىلىشى ( ؟ )
(بۇ بەلگە پىكىرنىڭ سوراق تەرزىدە ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.)
1) ھەر خىل سوئال جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
△ ئىشىڭىزنى تۈگەتتىڭىزمۇ؟
— قەشقەردىن كەلدىڭىز؟

— ئۆيدىن.
— ئۆيدىن؟

2) كەينى ـ كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن سوئاللارنىڭ پەقەت كەينىدىكىسىلا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ سەن گەپ ئاڭلامسەن، ئاڭلىمامسەن؟

3) جۈملىدە ئاپتورغا نامەلۇم بولغان ياكى ئاپتور گۇمان بىلەن قارىغان تەركىبلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ سەلەي چاققان (؟ — 1905) قەشقەردە ياشىغان.

3. ئۈندەش بەلگىسىنىڭ قوللىنىلىشى (!)

(بۇ بەلگە پىكىرنىڭ ئۈندەش ۋە بۇيرۇق تەرزىدە ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.)

1) ئۈندەش جۈملىلەر ۋە بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ كۆزۈمدىن دەرھال يوقال!
ئىتتىپاقلىق ياشىسۇن!
ھەممىڭلار مەيدانغا يىغىلىڭلار.

2) ئۈندەش ئاھاڭىدا ئېيتىلغان ئۈندەش ۋە قاراتما سۆزلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ تۆۋا، سەن ئۇلارنىڭ قۇلىمىدىڭ؟
يولداشلار، غەيرەت قىلىڭلار!

4. چېكىتلىك پەشنىڭ قوللىنىلىشى (؛)

(بۇ بەلگە تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىشتا رولى پەشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەلگىدۇر.)

تەڭداش تەركىبلەرنىڭ ھەر قايسىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىر قانچە تەڭداش تەركىبلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قاتلاملىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن ئۈستۈنكى قاتلامدىكى تەڭداش تەركىبلەرنىڭ ئارىسىغا چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:



△ ھاياتلىق بولمىسا، ئۆلۈم بولمايدۇ؛ ئۆلۈم بولمىسا، ھاياتلىق بولمايدۇ.

5. پەش ۋە ئۈننىڭ ئىشلىتىلىشى (،)

(بۇ بەلگە كىچىكرەك تەڭداش تەركىبلەرنى ئايرىش بەلگىسىدۇر.)

1) ئاددىي جۈملىلەردىكى تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن؛

△ ئابدۇۋېلى، پاتىگۈل، تۇرسۇنجان ۋە مۇختەر سىنىپنى تازىلىدى.

2) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر باغلىغۇچىسىز باغلىنىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ يامغۇر توختىدى، ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى.
شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

3) جۈملە بىلەن گراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق بۆلەكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ نۇسرەت، نەگە ماڭدىڭىز؟
بۇ مەسىلە، ھەقىقەتەن، ئېغىر مەسىلە ئىكەن.
ۋاييەي، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!

4) مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى بىر قىسىم باغلىغۇچىلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قىسقا، ئەمما مەزمۇنلۇق سۆزلىدى.

ئەكرەم خەتنى توغرا ھەم چىرايلىق يازىدۇ، ھەتتا بىر پەشنىمۇ چۈشۈرۈپ قويمايدۇ.

△ سىز ئۆزىڭىز ئۆگەنمەيلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولدىڭىز.

△ ئۇنداق، ياكى مۇنداق پىكىرلەرنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

6. قوش تىرناقنىڭ قوللىنىلىشى (« »)

(قوش تىرناق كۆچۈرمە تەركىبلەرنى ئايرىپ كۆرسىتىدىغان بەلگىدۇر.)

1) جۈملە تەركىبىدىكى كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ نامى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا «ھېيتگاھ ناخشىسى» ناملىق شېئىر بېسىلىپتۇ.

2) جۈملە ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە كۆچۈرمە تەركىبلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ كونىلاردا: «ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ ئېغىر يۈك» دەيدىغان گەپ بار.

3) جۈملىدە ئاتاپ كۆرسىتىلگەن ۋە ئەسلى مەنىسىدە ئىشلىتىلمىگەن تەركىبلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ «سۇ» سۆزىگە ئۈچىنچى شەخستە «سى» قوشۇلماي، «يى» قوشۇلىدۇ.

△ «ئەقىللىق» باينىڭ ئېسىگە «ئەخمەقلەر» نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرىنىڭ بارلىقى كەلمەپتۇ.

4) تارىخىيناملار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ «نەنجىڭ شەرتنامىسى»، «18 ـ سىنتەبىر» ۋەقەسى.

5) ئاتاپ قويۇلغان ناملار قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ «كۈنلۈن» مېھمانخانىسى

△ «يۈلۈپ ئالار شوڭقار» شىركىتى

7. يالاڭ تىرناقنىڭ قوللىنىلىشى ( ‹ › )

(بۇ كۆچۈرمە ئىچىدىكى كۆچۈرمىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىدۇر.)



جۈملىدە قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە تەركىبلەر يالاڭ تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ مەن «‹سەن يوق›، شېئىرى ھەققىدە تەسىرات» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم.

8. تىرناقنىڭ قوللىنىلىشى ( ‹ › )

(تىرناق ئىزاھ بەلگىسىدۇر.)

1) جۈملىدە مەلۇم بۆلەكنى تولۇقلاش، ئىزاھلاش ياكى شەرھلەش مەنىسىدە كەلگەن تەركىبلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

△ مەسلەن: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 ــ 1995) داڭلىق ئەدىب.

2) سەھنە ئەسەرلىرىدە ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، ھېس ـ تۇيغۇسى توغرىسىدا بەرگەن ئىزاھاتلىرى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ زورىخان: (ئاڭلىماسقا سېلىپ) نۇرۇم، چاي قايناتمىدىڭمۇ، چىقىپ باققىنا. (نۇرۇم باغقا چىقىدۇ.)

3) نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىسالغا ئۇلاپلا ئۇنىڭ ئېلىنغان جايىنى كۆرسەتكەندە ئاپتور ئىسمى ۋە كىتاب نامى تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسلەن:

△ يىللار، مەيدەڭنى تۇتۇپ قاھقاھلاپ كۈلمە.
(ل. مۇتەللىپ: «يىللارغا جاۋاب»)

9. سىزىقچىنىڭ قوللىنىلىشى (-)

(سىزىقچە ئاساسەن يېرىم قوشۇپ يېزىش بەلگىسىدۇر)

1) جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا ۋە ئايرىپ يېزىلىدىغان ئۇلانمىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ دەپتەر ـ قەلەم، باش ـ كۆز، يىراق ـ يېقىن، تۆت ـ بەش

△ سىنىڭ نىيىتىڭ نېمىدىگەن يامان ـ ھە؟!

△ بىخۇدلۇق قىلىپ قاپتىمەن ـ دە.

△ مەن يەنە بىر قېتىم بىرىپ باقايمۇ ـ يا؟

2) سۆزلەر قۇردىن قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈلگەندە ئايرىلغان بوغۇمدىن كېيىن (يۇقىرىدىكى قۇرغا) قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك

△ ھاياجانلان-
ماق

3) رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن تەرتىپ سانلاردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ ئۇ 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەلدى.

4) پېئىلنىڭ بۇيرۇق رايى شەكلىدىن كېيىن (ئۆزەكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن) قويۇلىدۇ. سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرىدىن بۇرۇن، سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ كەل-، ماڭ-، يۈر-، سۆزلە-، بارما-

△ -ۋەن، -چى، -چان، بى-، نا-، بەت-

### 10. سىزىقنىڭ قوللىنىلىشى (—)

(سىزىق ئىزاھلاپ كۆرسىتىش بەلگىسىدۇر)

1) جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ باش كېلىشتىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ شادگۈل — ئوقۇتقۇچى، كىتاب ئوقۇش — ئۆگىنىش.

2) جۈملىدىكى ئىزاھلىغۇچى بۆلەك بىلەن ئىزاھلانغۇچى بۆلەكنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ بىزنىڭ مەكتەپ — قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى 1935 ـ يىلى قۇرۇلغانىكەن.

3) ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلغان



تەڭداش تەركىبلەر ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ مەملىكىتىمىزدە يەر، سۇ، ئورمان، يەر ئاستى بايلىقلىرى — ھەممىسى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ.

4) زامان ۋە ماكان مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى سۆز ياكى ساننىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ لەنجۇ — ئۈرۈمچى تاشيولى ئۆزگەرتىلدى.

△ 1949 — 1999

5) دىيالوگلارنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ — قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 15 كە كىردىم.

6) ئاپتور سۆزى بىلەن پېرسوناژ سۆزى ئارىلاش كەلگەندە، تېكىست ئىچىدە ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ «بىلىملىك كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، — دەيدۇ گوركىي، — كىتاب ئوقۇش بىر خىل ئالىيھوزۇرلىنىشتۇر.»

### 11. قوش چېكىتنىڭ قوللىنىلىشى ( : )

(قوش چېكىت ئاساسەن بايان بەلگىسىدۇر.)

1) ئاددىي جۈملىلەردىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە مۇرەككەپ جۈملىدىكى ئومۇملاشتۇرغۇچى جۈملىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسلەن:

△ ئىككى خىل ئادەم: بىرى، مەككار دوست، يەنە بىرى ياۋۇز دۈشمەن ئەڭ قورقۇنۇشلۇقتۇر.

△ دەۋرىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر دىن تېخىمۇ كۆپ ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقماقتا: مەشھۇر گېئولوگىيە ئالىمى لى سىگۇاڭ، خىمىيە ئالىمى ياڭ شېشەن، يازغۇچى لى جۇنلەر — موڭغۇل؛ تارىخشۇناس جيەن بوزەن — ئۇيغۇر؛ يازغۇچى لاۋشې — مانجۇ؛ مۇزىكانت جىاڭ لوچېڭ — چاۋ شەنزۇ، رەسسام خۋاڭ يۇڭيۇ

— تۇجا مىللىتىدۇر.

2) ھۆرمەت تەرىقىسىدىكى قاراتما تەركىبلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ... ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە:

△ ھۆرمەتلىك نۇرنىسا ياقۇپ:

سىزنى ئەتە كەچتىكى يىغىلىشقا تەكلىپ قىلىمىز.

△ ھۆرمەت بىلەن: زۆھرەگۈل

3) سەھنە ئەسەرلىرىدە دىئالوگلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى ياكى ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئىدارە باشلىقى: تەييارلىقلار پۈتتىمۇ؟

△ خىزمەتچى: — پۈتتى.

4) بىرەر مەسىلىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇر بېشىدىن يېزىلغان جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن «مەسىلەن» سۆزىدىن كېيىن قويۇلىدۇ.

5) ئاپتورنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىلەن ئەسىرى بىللە كۆرسىتىلگەندە، ئاپتورنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئويغانغان زېمىن»

6) كۆچۈرمە جۈملە بىلەن دىئالوگلارنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئاپتور سۆزىدىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئاتىسى رازىلىق بەرمەي: «سەۋر قىل، كېلەر يىلى ئۈزۈم مەككىگە بارىمەن، شۇ چاغدا سېنىمۇ بىللە ئېلىپ باراي» دەپتۇ.

△ خۇشياقمىغان ھالدا:

— بوپتۇ، مەيلىڭىز، دېدى.

12. كۆپ چېكىتنىڭ قوللىنىلىشى (...)

(كۆپ چېكىت قىسقارتىش بەلگىسىدۇر)

1) جۈملىدە قىسقارتىلغان تەركىبلەرنىڭ ئورنىغا،



نۇتۇقتا سۈكۈت ئىپادىلەنگەن ئورۇنغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ كۈرەش قىلدىكەنمىز قۇربان بېرىشلەر بولىدۇ، ئادەم ئۆلۈش ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، ئەمما ...

△ — ئىسمىڭ نېمە؟

— ...

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

— ...

2) نۇتۇقتا سۆزنىڭ ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى ياكى مەلۇم سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئادەتتىكىدىن سوزۇپراق تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

△ ئاماتقۇل تۇمۇر خەلپىگە قاراپ: «را... زى... بول... ئاكا!» دېدى - دە كۆزىنى يۇمدى.

## 25. ئىملاسىدا ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەردىن ئۈلگە

ئازاد — ئازادلىق، ئۈمىد — ئۈمىدى

ئېتىقاد — ئېتىقادقا، ئىقتىسادتىن

ئاۋاب — ئازابى، جاناب — جانابىڭىز

غالىب، ساۋاب، ئىنساب، غەزەپ، مەكتەپ، ئارخىپ، ئۆگىنىش، ھەرىكەت، ياردەم، مەدەنىيەت، ئەمەلىيەت، ئاپتوبۇس، باھانە، بويسۇرە، ئۇسسۇل، ئىللىق، ئۇلۇغ، چىراغ